# بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئات ئۆلتۈرۈپ يېگەن ئىدۇق

ئەسما بىنتى ئەبى بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئات ئۆلتۈرۈپ يېگەن ئىدۇق، دېگەن. يەنە بىر ئىبارىدە «بىز مەدىنىدىكى ۋاقىتتا» دېگەن
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇ ھەدىستە ئەسما بىنتى ئەبى بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدا ئات ئۆلتۈرۈپ يېگەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ئات گۆشىنىڭ ھالال ئىكەنلىكىگە دەلىل ئىسپات بولىدۇ. بۇ ھەدىسنى ئوقۇغان بىر كىشى سۈرە نەھلى 8-ئايەتتىكى: «ئاللاھ تائالا ئاتنى، خېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ئۈچۈن ۋە زىننەت ئۈچۈن ياراتتى، ئاللاھ تائالا يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ» ئاتنىڭ ئېشەك ۋە خېچىر بىلەن بىر يەردە كېلىشى سەۋەبلىك ئۇنىڭ ھاراملىقىنى چۈشۈنۈۋالماسلىقى كېرەك



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee